بىزنىڭ بايرىمىمىز . جوڭچيۇ

مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر ئارقىلىق جۇڭچيۇنى ئۆتكۈزۈپ دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش

ئويۇن كۆرۈش، تېپىشماق تېپىش، ھېكايە سۆزلەش، مەنزىرە رايونلىرىنى ساياھەت قىلىش... جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە، كۆز تۇسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

دېرىزە سىرتىدا تولۇن ئاي، مەيدان ئىچىدە ياڭراق مۇزىكا لەرزان. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە، ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭچيۇ بايرىمى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈ تىياترخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، يالغۇز كىشىلىك ناخشا «يۇرتۇمنىڭ بۇلۇتى»، ئۇسسۇل «كىتاب ھۇزۇرى»، چالغۇلار بىلەن كوللېكتىپ ئورۇنلانغان مۇزىكا «گۈزەل مەنزىرە»، ئومۇمىي خور «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» قاتارلىق نومۇرلار سەرخىل بولۇپ، تاماشىبىنلارنى بىر مەيدان كلاسسىكلىق بىلەن زامانىۋىلىق يۇغۇرۇلۇپ ئۇچراشقان سەنئەت كاتتا بەزمىسىدىن ھۇزۇرلاندۇردى. نەق مەيداندا تاماشىبىنلار بىلەن ئارتىسلار بىللە ناخشا ئېيتىپ، ۋەتەنگە بەخت تىلىدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ، قومۇل ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى شىجۇينى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش ئويۇنى قويۇش پائالىيىتىنى قىزغىن ئېلىپ باردى. قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى چىنچياڭ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شۇ جايدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ، ھەر كۈنى ئىككى مەيدان ئويۇن قويدى. «سەنىياڭنىڭ بالا تەربىيەلىشى» «15 تىزىق مارجان» «ياڭ ئائىلىسى سەركەردىلىرى» قاتارلىق ئەنئەنىۋى كلاسسىك ئويۇنلار 15 مىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى بەس - بەستە كۆرۈشكە جەلپ قىلدى، ئۇلار بىر ئۇنتۇلغۇسىز بايرام ئۆتكۈزدى.

«جۇڭچيۇ ئۆتكۈزۈش، يۆبىڭ يېيىش، 15 كۈنلۈك تولۇن ئاي ئاسماننى يورۇتۇش...» 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنى ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنى چۈشەندۈرۈلۈپ، جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئەۋج ئالدۇرۇلدى ۋە ۋارىسلىق قىلىندى. تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونلۇق 1 - باشلانغۇچ مەكتىپى قانات يايدۇرغان «ئاي تولغاندا جۇڭچيۇنى سۆزلەش» باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنىدا، سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارغا جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ يۆبىڭ تېتىپ، تەبرىك كارتىسى ياساپ، ناخشا ئېيتىپ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى، جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۆرپ - ئادىتى ھەمدە ئالاقىدار شېئىرلارنى زېھىن سىناشقا سىڭدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭغا قىزغىن قاتناشتى، قىزغىنلىقى تولۇپ تاشتى. تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونلۇق 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 4 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئەقىدە ئەخمەت خۇشال بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ سىنىپتىكى ھەممەيلەن بىرلىكتە يۆبىڭ يەپ، تېپىشماق تېپىپ، قەدىمكى زامان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، جۇڭچيۇنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى چۈشىنىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، شۇنداقلا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىمىز چوڭقۇرلاشتى».

بايرام مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ مەنزىرە رايونلىرىدا ئادەملەر ئېقىمى كۆپىيىپ، ساياھەتچىلەرگە لىق تولدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى بەس - بەستە مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ھۇزۇرلىنىپ، كۆڭۈللۈك بايرامنى ئورتاق ئۆتكۈزدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، كورلا شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيى كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ «كاتتا بايرامنى مۇشۇ ۋاقىتتا بىللە ئۆتكۈزۈش گۈزەل مەنزىرىدىن تەڭ ھۇزۇرلىنىش» جۇڭچيۇ باغ سەيلىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە باغ سەيلىسى قىلىپ، يۆبىڭ يەپ، چاي ئىچىپ، گۈللەرنى تاماشا قىلدى، باللار نەق مەيداندا توشقان چىراغ، ماي قەغەزلىك كۈنلۈكنى قولدا ياسىدى، گۈچىن بىلەن مۇزىكا ئورۇنلاش، خەنفۇ كىيىم كۆرگەزمىسى قاتارلىق نومۇرلار شەھەر ئاھالىلىرىگە جۇڭچيۇ كاتتا بايرىمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىنى، جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مول، چوڭقۇر مەزمۇنىنى ھېس قىلدۇردى.

كۆز كۈنلىرىدىكى تىيانشان بوغدا كۆلىدە ئاسمان كۆپكۆك، كۆل سۈيى سۈزۈك بولۇپ، شەمشادلار ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت 11دە «خەلق شادلىنىپ تىيانشان تېغىدا مەستخۇش بولۇش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش» مۇزىكا كېچىلىكى باشلاندى. كۆپ ئاڭلاپ قۇلاققا سىڭىپ كەتكەن مۇزىكىلار، يۈرەكنى تىترىتىدىغان پەدىلەر، ساياھەتچىلەرنى يېقىملىق مېلودىيەگە ۋە قويۇق بايرام كەيپىياتىغا چۆمدۈردى. كەينىدىن، تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئورگان كادىرلىرى قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە «شۈيدياۋ گېتوۋ. جۇڭچيۇ»نى ئۇنلۈك دېكلاماتسىيە قىلدى، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم»نى بىللە ئېيتتى. «دىڭخەي شېنجېن» مەنزىرە نۇقتىسىدا، 100 پانۇس تېپىشمىقى كۆپلىگەن ساياھەتچىنى قاتنىششقا ۋە تېپىشماق تېپىشقا جەلپ قىلدى. شەندۇڭلۇق ساياھەتچى ۋاڭ چۈنخۇي خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «مەنزىرە رايونى ئۆتكۈزگەن بۇ پائالىيەتلەر بىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى، بۇ جۇڭچيۇ ئۇنتۇلغۇسىز بولدى».

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكسۇل مەنزىرە رايونى «گۈل سەيلىسى قىلىپ، ئاينى تاماشا قىلىپ جۇڭچيۇنى سۆزلەش — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ساياھەتچىلەر گۈل دېڭىزىدا گۈل سەيلىسى قىلىش، گۈل ئىزدەش، گۈل نامىنى تېپىشتىن سىرت، يەنە جۇڭچيۇ ھېكايىسىنى سۆزلەش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. ئۈرۈمچىلىك ساياھەتچى لى يۈ مۇنداق دېدى: «ئېسىمدە قېلىشىچە كىچىك چېغىمدا، بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەر كۆكتوقاي ناھىيەسى كۆكتوقاي بازىرىدىكى بىر چاسا قورۇدا ئولتۇراتتۇق، قورۇدا ھەر مىللەت قوشنىلار بار ئىدى، جۇڭچيۇ بايرىمى كەلگەندە، ھەممە ئائىلىدىكىلەر تاماق - سەيلىرىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ، بىللە تاماق يېگەچ ئاي تاماشىسى قىلاتتۇق، بەك قىزىيتتى ھەم ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلاتتۇق. بۇ قېتىم كۆكتوقايغا قايتىپ، مەن ئەسلىدىكى چاسا قورۇنى كۆردۈم، باللىرىم بىلەن بىللە ئەينى يىللاردىكى تۇرمۇشنى ئەسلەپ ئۆتتۇق، بۇنىڭدىن تېخىمۇ بەختكە چۆمدۇق».

(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يىڭچۈن، گې يۈجۈن، جاڭ تىڭ، خې لىڭ، جەزىرە نىسىبېك، ئىختىيارىي مۇخبىرلار گاڭ لىچياڭ، خۇ جىنلياڭ يازغان)

ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى مائارىپ - داۋالاش، مۇھىت ئاسراش، يېمەكلىك - دورا بىخەتەرلىكى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدا يۈزبەرگەن ناتوغرا ئىستىل ۋە «ئۇششاق چىرىكلىك» مەسىلىسى، ئىستاتىستىكىدا ساختىلىق قىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى چىڭ كۆزلەپ، ئامما كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، دەل جايىدا تۈزەش، ماھىيەتتىنمۇ، ھادىسىدىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش - تۈزىتىش، تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورناتقان، تاكامۇللاشتۇرغان.

مەسىلىگە ئاتلىنىپ تۈزىتىشنى تۇتتى، ئەلرايىغا يۈزلىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتتى. ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى باشلامچى بولۇپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇدا ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، ئون چوڭ تۈزەش ساھەسىدىكى 40 تۈرلۈك تۈزەش مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇل ئورۇنلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم مەسىلىنى ھەل قىلدى.

جەمئىيەتنىڭ دىققەت قىلىش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇۋاتقان يېمەكلىك - دورا بىخەتەرلىكى ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىق مەسىلىسىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بەلگىلىمىگە خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تۈزەپ، مەكتەپ ئەتراپىدىكى تۈرلۈك كوچىمە يېمەكلىك يايمىسىدىن 67نى تازىلاپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 230 كارخانىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، دورا جىنايىتىگە چېتىشلىق يەتتە دېلودىكى 74 ئادەمنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاممىنىڭ «يېمەكلىك بىخەتەرلىكى»گە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» «مۇناسىۋەت تۆۋەن كاپالىتى» قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى مالىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، يېزا - بازارلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ساھەسىدىكى خاتا تۆۋەن كاپالەت، چۈشۈرۈپ قويۇلغان تۆۋەن كاپالەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئائىلە كىرىمى تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن خادىملارنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىدىن ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشەپ چىقىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 65 مىڭ ئادەمنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» «مۇناسىۋەت تۆۋەن كاپالىتى» قاتارلىق تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتىدىن 684نى ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇشتىكى «كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش» «چېكىندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق چېكىندۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيى ساھەسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ تەقسىم قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ بەھرىمەن بولۇش، ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىجارە بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئارىيەت بېرىش، ئۆي ۋاستىچىلىكىدىكى ئىجارە بېرىش قالايمىقان بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىگە كىرىش ئىجازىتى، چېكىندۈرۈش، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش قاتارلىق قائىدە - تۈزۈملەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 1891 يۈرۈش ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋالدى، كاپالەت ئوبيېكتلىرى بىلەن 772 پارچە ئىجارە كېلىشىمنى قايتىدىن ئىمزالىدى، ئارقىغا سۈرەپ تاپشۇرمىغان 1 مىليون 265 مىڭ 400 يۈەن ئىجارە ھەققىنى قايتۇرۇۋالدى.

تۈزىتىش نەتىجە - ئۈنۈمنى «كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدۇ»، ھەر مىللەت ئامما مەخسۇس تۈزەش ئېلىپ كەلگەن يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئۆزگىرىشنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. «بىز مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى بويىچە ‹قايتا قاراپ چىقىش› خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزەش نەتىجە - ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغدايمىز» دەپ بىلدۈردى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى.

ئالتە يىل چىڭ تۇرۇش ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان قىلماسلىق

—— شېنجېندىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى فەن لىبى

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

☐ مۇخبىرىمىز خې لىڭ

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقىلى ئالتە يىل بولدى، يولۇققان قىيىنچىلىقىم تەسەۋۋۇرۇمدىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن پۇشايمان قىلمايمەن» دېدى فەن لىبى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇخبىرغا.

فەن لىبى، قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شېنجېن شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى. خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «2016 - يىللىق قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى مۇنەۋۋەر كادىر»، «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، يېڭى نەتىجە يارىتىشتا يېڭى دەۋر ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشقا تىرىشىشتىكى ئىلغار شەخس» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

■ مېھىر - مۇھەببەت ۋە چىڭ تۇرۇش

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئېگىزلىكتە خىزمەت قىلىش جەريانىدا فەن لىبى ۋە تاشقورغاندىكى كادىرلار نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى.

«تاجىك مىللىتى مەن كۆرگەن ئەڭ ئاق كۆڭۈل مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىنى قوغدىماقتا. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلىشىمىز كېرەك» دېدى فەن لىبى.

2017 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەھەردە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە 5.5 بال يەر تەۋرىدى. فەن لىبى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئاپتوموبىل بىلەن يەر تەۋرەش مەركىزى بولغان تاشقورغان يېزىسى قۇزغۇن كەنتىگە قاراپ ماڭدى. كېيىنكى يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن 30 نەچچە قېتىم قالدۇق يەر تەۋرەشكە قارىماي يۇرتداشلارنىڭ ئۆي كۆچۈشىگە ياردەم بەردى، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنى رەتلىدى.

بالىلارنىڭ ئوقۇشىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، فەن لىبى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خادىملىرىنى تەشكىللەپ، ئۈچ كۈندە 100دىن ئارتۇق چېدىر تىكتى. يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى تۆتىنچى كۈنى سائەت 10دا، دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېدىر مەكتەپتە ياڭرىدى، 1000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسى ئوڭۇشلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

«مەن تاجىك مىللىتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلاردا كىچىكىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئاڭنى تۇرغۇزۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد چېگرا ساقلىغۇچى، چېگرا قوغدىغۇچىلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى فەن لىبى.

■ ھازىر ۋە كەلگۈسى

تاشقورغاندا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى مول. 2016 - يىلدىن باشلاپ، فەن لىبى ۋە باشقا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار بارلىق يۆتكەڭگىلى بولىدىغان بايلىقنى يۆتكەپ، بۇ ناھىيەگە مەركەزلىك فوتو ۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

«بىز 2016 - يىلدىن باشلاپ فوتو ۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش تورىنى پىلانلاشقا باشلىغان، 2017 - يىلى تور تەستىقلاندى» فەن لىبى مۇنداق دېدى: ئۇنىڭدىن كېيىن، يېڭى قىيىنچىلىقلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى.

تاشقورغاندا قىش پەسلى ئۇزاق، تۈرنى تېزدىن ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، 10 - ئاي كىرگەندىن كېيىن، ئىشچىلار ھەر كۈنى ئەڭ ئىسسىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قۇرۇلۇش قىلىپ، بېتون تۆۋرۈكنى قۇيغاندىن كېيىن دەرھال يوتقان ۋە يۇڭ ئەديال بىلەن ئوراپ قويىدى.

«بۇ يەردە تاش ئىنتايىن كۆپ، بىر ئۇشكىنى مەكت ناھىيەسىدە ئۈچ ئاي ئىشلەتكىلى بولىدۇ، بىز بۇ يەردە يېرىم ئاي ئىشلىتىپلا يېڭىسىغا ئالماشتۇرمىساق بولمايدۇ.» فەن لىبى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: 12 - ئايغا بارغاندا، يەنە ئىشچىلارنىڭ بورانغا قارىماي، ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنارغا يامىشىپ ئېلېكتر زاپچاسلىرىنى ئورنىتىۋاتقانلىقىنى، لىنىيە يوللىرىنى ياساۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

2018 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، تور رەسمىي تاماملاندى ھەم تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىلىپ، كۈندە ئىشلەپچىقىرىدىغان توك مىقدارى 150 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئۈنۈم - پايدا كۆرۈلدى.

«نۆۋەتتە، بىزنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىمىزنىڭ يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 37 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون يۈەندىن ئاشتى، بۇ يەرلىك ئامما ئۈچۈن بىر تۈپ ‹تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ› تىكىپ بەرگەنگە باراۋەر» دېدى فەن لىبى.

تاشقورغاننىڭ نوپۇسى ئىنتايىن ئاز، داۋالاش بايلىقى ناھايىتى چەكلىك. فەن لىبى بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ناھايىتى تەت - تەت بولدى. 2017 - يىلى، فەن لىبى ئەترەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ 2A دەرىجىلىك دوختۇرخانا بەرپا قىلىشىغا ياردەم بەردى. 2018 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، دوختۇرخانا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن رەسمىي ئۆتتى.

«ھازىر، دوختۇرخانىدا بوۋاقلار بۆلۈمى، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ۋە ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، داۋالاش سەۋىيەسى ئۆستى، دوختۇر - سېسترالار قوشۇنى كۈچەيدى، كىنىشكا ئېلىپ ئىشقا چىقىش نىسبىتى ئاشتى» دېدى فەن لىبى.

■ مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ

فەن لىبىنىڭ ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە، %90تىن ئارتۇق مەزمۇننىڭ ھەممىسى تاشقورغانغا، قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ مۇنداق دېدى: «تاشقورغان مېنىڭ مەڭگۈ قەلبىمدە».

«ئېگىزلىك كېمىسى» دېگەن نامى بار قوتاز تاشقورغاننىڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى، ئەمما ئۇزاقتىن بۇيان نەسىل ئاجىزلىشىش، قېرىلىشىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ پەقەت ياۋا قوتازنىڭ گېنىنى كىرگۈزۈپ، قوتاز نەسلىنى ياخشىلاش مەركىزى قۇرۇش كېرەك.

قىلمەن دەپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، فەن لىبى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، چىڭخەي ئۆلكىسىدىن ئەڭ ياخشى قوتاز كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ يىل 3 - ئايدا، بۇ ناھىيە چىڭخەيدىن ياۋا قوتاز كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھازىر 30 نەچچە قوتاز تۇغۇلۇپ، ياۋا قوتازنىڭ ماسلىشىش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى.

فەن لىبى مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، بىز قوتازلارنى توپقا ئايرىپ، يادرولۇق توپ، ئاساسىي توپ قۇرىمىز ھەم بىز كىرگۈزگەن قوتازلارنى چېگرا لىنىيەسىدىكى 13 قوتاز توپىغا تارقىتىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە كىچىك ھەم تۆجۈپىلەپ سويۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيەسى قۇرۇپ، قوتاز گۆشىدىن ئىنچىكە پىششىقلانغان مەھسۇلاتلار بىلەن دۆلەت ئىچى بازىرىنى ئاچىمىز».

شېنجېن شەھىرى يەنە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى بىلەن «‹2 + 1› نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش رامكا كېلىشىمى» ئىمزالىدى، ئىككى جاي كەسىپ، ساياھەتچىلىك، سېلىنما، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە قول تۇتۇشۇپ ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، تاشقورغاننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، 27 نۇقتىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرى سۈپەتكە، سانغا كاپالەتلىك قىلىنغان ئاساستا تاماملىنىۋاتىدۇ، تېخىمۇ يىراققا نەزەر سېلىنغان «ئېقىن سۇ» قۇرۇلۇشلىرى پامىر ئېگىزلىكىدە بىر - بىرلەپ بارلىققا كەلدى. بۇ، فەن لىبى ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالتە يىللىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە بىرلىكتە تاپشۇرغان جاۋاب قەغىزى.